## 37877 ـ رامىزاندا قىلىنغان چوڭ گۇناھلار روزىنى بۇزۇۋېتەمدۇ؟

### سوئال

مەبلەغ سېلىپ پايدا ئېلىش گۇۋاھنامىسى بار، جازانە بانكىسىنىڭ پاي چېكى بىلەن سودا قىلىدىغان جازانخورنىڭ تۇتقان روزىسىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّـهَ وَذَرُوا مَا بَقِيَ مِنَ الرِّبَا إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَتەرجىمىسى: ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقي) مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، كىشىلەرنىڭ زىممىسىدەقېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. [سۈرە بەقەرە 278-ئايەت].

مانا بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۆز بەندىلىرىگە جازانخورلۇق قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا جازانخورلۇق قىلىشنى ھارام قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَأَحَلَّ اللَّـهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا تەرجىمىسى: ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى. بەقەرە سۈرىسى 275-ئايەت.

جازانى يېيىش بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ خار ۋە رەزىل بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: جازانى شەكلىدە سودا ـ تىجارەت قىلىشساڭلار، كالىنىڭ قۇيرىقىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ دېھقانچىلىق بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى تەرك قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە خار ـ زارلىقنى سالىدۇ، ھەتتا سىلەر دىنىڭلارغا تولۇق قايتمىغۇچە بۇ خارلىقتىن قۇتۇلالمايسىلەر. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 3462-ھەدىس. شەيخ ئەلبانىي رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى ناملىق ئەسىرى 11-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

جازانە توغرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى "جازانە بانكىلىرىغا پاي سېلىش مەسىلىسىگە ئالاقىدار بولغان سوئاللار ناملىق تېمىدا تەپسىلى بايان قىلدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن 8590 ۋە 112445 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنىسۇن.

ئەمما جازانە بانكىلىرىنىڭ پاي چەكلىرىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان كىشىنىڭ تۇتقان روزىسى دۇرۇس بولىدۇ، لېكىن روزىدىن ھاسىل قىلىدىغان پەزىلەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ. شۇڭلاقا بەزى ۋاقىتتا روزىنىڭ ساۋابىغىمۇ

ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾تەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى. [سۈرە بەقەرە 183–ئايەت].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە روزىنىڭ پەرز بولىشىنىڭ يولغا قويۇلىشى توغرىسىدىكى ھىكمەتنى بايان قىلدى. ئۇ بولسىمۇ روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىقىنى كۆچىمىزنىڭ يېتىشچە تولۇق ئادا قىلىپ، چەكلىمىلىرىدىن تولۇق يېنىپ ئاللاھ تائالاغا ھەقىقى تەقۋادارلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: روزا تۇتۇپمۇ يالغان سۆز ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىشنى تەرك قىلمىغان كىشىنىڭ رامىزاندا يېمەك–ئېچمەكنى تەرك قىلىپ روزا تۇتىشىغا ئاللاھ تائالانىڭ ھېچ ئېھتىياجى يوق. [بۇخارى رىۋايىتى1903–ھەدىس].

ئاللاھ تائالا بىز روزا تۇتقاندا پەقەت يېمەك–ئېچمەكنى تەرك قىلىشىمىزنىلا مەقسەت قىلمايدۇ، بەلكى بىزدىن ھەقىقى تەقۋادارلىقنى روياپقا چىقىرىشىمىزنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا روزىنى ھەقىقى تەقۋادارلاردىن بولىشىڭلار ئۈچۈن پەرز قىلدۇق دېدى. [شەرھۇل مۇمتىئ 6–توم 435–بەت].

ھاپىز ئىبنى رەجەپ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھەدىستىن يالغان سۆزلەپ، شۇ يالغان سۆزنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىش كۆزدە تۇتىلىدۇ".

ئىبنى ئەرەبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن: روزا تۇتۇپ يۇقىرىقى ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىشلارنى قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ تۇتقان روزىسىغا ساۋاپ بېرىلمەيدۇ، يەنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان گۇناھ–مەسىيەتلەر روزىنىڭ ساۋابىدىن ئېغىر بولىدۇ".

ئىمام بەيزاۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "روزىنىڭ يولغا قويۇشىدىكى مەقسەت پەقەت ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئەمەس، بەلكى نەپسى شەھۋەتلىرىنى سۇندۇرۇپ، نەپسىنى ناچار ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇش، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، روزا بىلەنبۇ ئىشلار ھاسىل بولمايدىكەن، بۇ روزىغا ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلىش نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ".

خۇلاسە: دىندا چەكلەنگەن ئىشلارنى روزىدارنىڭ سادىر قىلىشى روزىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىدۇ. [پەتھۇل بارىيدىن ئېلىندى].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.